السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دانە، (قارا- ئاق) رەڭلىك ۋە مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دانە، (قارا- ئاق) رەڭلىك ۋە مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىدى. بىسمىللاھنى ئوقۇدى ۋە تەكبىر ئېيتتى. ئۆزىنىڭ پۇتىنى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە تىرەپ تۇردى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

قۇربانلىق قىلىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئۆزىمۇ قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ رەڭگىدە ئاقلىق ۋە قارىلىق بار ئىدى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىدى. ئۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن بوغۇزلىدى، چۈنكى بۇ ئۇلۇغ بىر ئىبادەت بولغاچقا ئۆزى قىلدى. ئۇنى بوغۇزلايدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولىشى ۋە ياخشىلىقنىڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن، ئاللاھتىن ياردەم سوراپ بىسمىللاھنى ئوقۇدى ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئىبادەتتە ئۇنى يەككە يىگانە قىلىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقنى ۋە بوي سۇنغانلىقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتتى. بوغۇزلىغاندا تىز سۈرەتتە بوغۇزلاش ئارقىلىق، قۇربانلىققا رەھىمدىللىك بىلەن بوغۇزلاش تەلەپ قىلىنغان بولغاچقا، بوغۇزلىغان چاغدا ئۇ مىدىرلاپ، ئۇنى بوغۇزلاش مۇددىتى ئۇزۇراپ كېتىپ ئۇنى قىيناپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇبارەك پۇتىنى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە تىرىدى. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۆز مەخلۇقاتىغا رەھىمدىلدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2971

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee